بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

سەدىددىن كاشغەري

# تالىپلار قوللانمىسى

## (طلبة الطلبة فى طريق العلم لمن طلبه)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

# تالىپلار قوللانمىسى

# TALEBELER KILAVUZU

سەدىدىددىن كاشغەري

| | |
|---|---|
| Hazırlayan:<br>**Muhammed Emin Bişaret** | نەشرگە تەييارلىغۇچى:<br>**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت** |
| Editör:<br>**Habibullah Kurbani** | تەھرىر:<br>**ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Son okuma:<br>**Karahanlılar İslam Araştırma Grubu** | كۆزدىن كەچۈرگۈچىلەر:<br>**قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات گۇرۇپپىسى** |
| Yayına Hazırlayan:<br>**Karahanlılar İslam Araştırma Merkezi** | نەشر قىلغۇچى ئورۇن:<br>**قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |

**ISBN: 978-625-96234-0-5**

Yayın Adresi: Maltepe Mah. Davutpaşa cad. Güven İş Merkezi
C Blok No: 83 / 3 İç Kapı No: 264 Zeytinburnu İstanbul

2025 - يىلى 7 - ئاي، 1 - نەشرى

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە،
رۇخسەتسىز بېسىپ تارقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ. karahanilarbiz@gmail.com

Karahanlılar İslam Araştırma Merkezi
قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز........................................................ 1

بۇ ئەسەر ئۈچۈن قىلىنغان خىزمەتلەر ................................ 5

سەدىدىددىن كاشغەرىينىڭ تەرجىمىھالى ........................... 7

مۇقەددىمە .......................................................... 12

بىرىنچى بۆلۈم

ئىلىمنىڭ ماھىيىتى، فىقىھ ئىلمى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ......................................................... 14

ئىككىنچى بۆلۈم

نىيەت ھەققىدە ................................................ 18

ئۈچىنچى بۆلۈم

تاللاشلار ھەققىدە ........................................... 22

تۆتىنچى بۆلۈم

ئىلىمنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇستازنى ئۇلۇغ بىلىش ھەققىدە.... 25

بەشىنچى بۆلۈم

تىرىشچانلىق ۋە ئىزچىللىق ھەققىدە ............................ 30

پايدىلانغان مەنبەلەر.............................................. 50

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئىسلامىي يېزىق مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇشقا باشلىغان. جۈملىدىن، ھۈسەين ئىبنى خەلەف، مەھمۇد قەشقەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كاتتا ئالىملار، داڭلىق مۇتەپەككۇرلار يېتىشىپ چىقىپ، شانلىق تارىخىمىزدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

ئەجدادلارنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىرىنى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئەجداد ئىزىنى يوقىتىپ قويماي، شۇ ئىزنى بويلاپ ماڭىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ھەر ۋاقىت مۇھىم خىزمەتلەردىن بىرى بولغىنىدەك، مىللەت ئومۇمىيۈزلۈك، ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا دىنىدىن، مىللىي كىملىكىدىن، ئۆرپ - ئادىتىدىن، ئەدەپ - ئەخلاقىدىن، قىممەت قاراشلىرىدىن، پىكىر - تەپەككۇرىدىن، قىسقىسى، ھەممە نەرسىسىدىن بىر - بىرلەپ ئايرىلىپ قېلىشقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك ۋەزىيەتتە تېخىمۇ مۇھىم ۋە تەخىرسىز خىزمەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەۋلادلار ئۆز

تارىختىن پەخىرلىنەلمىسە ۋە پەخىرلەنگۈدەك ئەجدادلىرىنى تاپالمىسا، باشقىلارنىڭ ئازغۇن يوللىرىغا، يالتىراق پىكىرلىرىگە ئاسانلا گول بولۇپ كېتىدۇ؛ دۈشمەنلەرنىڭ يات مەدەنىيەتلىرىگە زوقلىنىپ، ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئەقىل ۋە تەپەككۇرىنى باشقىلارغا ئارىيەت بېرىۋېتىدۇ - دە، ئاستا - ئاستا ئۆزلۈكى ۋە كىملىكىدىن ياتلىشىپ كېتىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ نۇرغۇنلىغان كاتتا ئۆلىمالار، ئىلغار زىيالىيلار، مول - ھوسۇللۇق يازغۇچىلار چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تارىخنىڭ رەھىمسىز بوران - چاپقۇنلىرىدا ئۈن - تىنسىز غايىب بولۇپ كەتكەن ياكى خەلقىمىز «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ لايىقىدا قەدرىنى قىلالمىغانلىقتىن پىنھانلىق باياۋانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان. نەتىجىدە ئۇلار بۈگۈنكى ئۇيغۇر نەسلىگە يات تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان. شۇ ۋەجىدىن، بىز مەھرۇملۇق باياۋانلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنى ئەنە شۇ ئۆلىما ۋە ھۆكىما ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىشىچە تىرىشماقتىمىز.

جۈملىدىن، بۈنىڭدىن يەتتە ئەسىر ئىلگىرى ئەزىزانە قەشقەردە دۇنياغا كېلىپ، ئۇيغۇر تارىخىدىلا ئەمەس، ئەرەب تارىخىدا، يەمەن تۇپراقلىرىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان مول - ھوسۇللۇق ئۆلىمالىرىمىزدىن بىرى سەدىدىددىن كاشغەرىيدۇر. مەشھۇر ئۆلىما سەدىدىددىن كاشغەري گىرامماتىكا، ئەرەب تىلى، تەپسىر، ۋائىزلىق قاتارلىق ساھەلەردە يېتىشكەن زات ئىدى. بۇ زات ئەڭ قىيىن تىللاردىن بىرى بولغان ئەرەب تىلىدا تۆت جىلدلىق «مەجمەئۇل غەرائىب ۋە مەنبەئۇل ئەجائىب»، «مۇختەسەرۇ ئۇسدىل غابە في مەئرىفەتىس سەھابە»، «كىتابۇس سىياقات في زەۋائىدىن نىھايە لىبنى ئەسىر»،

«مۇنيەتۇل مۇسەللىي ۋە غۇنيەتۇل مۇبتەدىي»، «مەئالىمۇ ئادابى ئۇلىلئەلباب»، «مۇنتەخەبۇ ۋاقىئاتىل ھۇسامىي»، «تەھزىيبۇل ۋاقىئات»، «رىسالەتۇز زىكرىييە»، «رىسالەتۇت تەۋھىد»، «شەرھۇ ئىستىلاھاتىن نەقشىبەندىييە»، «رىسالە دەر تەرىقەتى سۇفىيان» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە قىممەتلىك ئەسەرنى مىراس قالدۇرغان.

مەزكۇر ئەسەرلەردىن «مۇنيەتۇل مۇسەللىي ۋە غۇنيەتۇل مۇبتەدىي»، «تىلبەتۇتتەلەبە فىي تەرىقىل ئىلمى لىمەن تەلەبەھ» قاتارلىق ئىككى پارچە كىتابنىڭ ئەرەب يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن تەھقىقلىنىپ، نەشرىيات بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا كىتابلار ھېلىھەم قولىيازما پېتى بىر قىسىم كۇتۇپخانىلاردا نەشرگە تەييارلىنىشنى كۈتكەن ھالدا بويۇن قىسىپ تۇرماقتا.

قولىڭىزدىكى «تىلبەتۇتتەلەبە فىي تەرىقىل ئىلمى لىمەن تەلەبەھ» يەنى «تالىپلار قوللانمىسى» ناملىق كىتابمۇ مۇئەللىپىنىڭ ئەنە شۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، 700 يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ بولالمىغان ئىدى. ئۆزىمىزنىڭ ئالىمى يازغان ئەسەرنى مىللىتىمىزنىڭ تونۇماسلىقى ھەقىقەتەن ئەيىب ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەردىن خەلقىمىزنىڭ پايدىلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، كەمىنە ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم ۋە تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك نۇرغۇنلىغان ئەمگەكلەرنى سىڭدۈرۈپ نەشرگە تەييارلىدىم. جانابى ئاللاھتىن بۇ كىتابنى مەنپەئەتلىك ۋە بەرىكەتلىك قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن: مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

2025 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

ئىستانبۇل

# بۇ ئەسەر ئۈچۈن قىلىنغان خىزمەتلەر

1. ئەسەر تىلى ئەرەبچە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

2. بىرقانچە تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر ئالىمى سەدىدىددىن قەشقەرىينىڭ تەرجىمىھالى ئىشلەندى.

3. ئەسەرگە كىرىش سۆز يېزىلدى.

4. ئەرەبچە شېئىرلار ئۇيغۇر تىلىغا شېئىرىي ئۇسلۇبتا تەرجىمە قىلىندى.

5. ئەسەردىكى ھەدىس، شېئىر ۋە ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرى قاتارلىق نەقىللەرنىڭ مەنبەلىرى بېرىلدى، بەزى نەقىللەر توغرىسىدا شۇنچە ئىزدىنىپمۇ، ئەسلىي مەنبەگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەڭ يېقىن مەنبەلەر كۆرسىتىلدى.

6. بەزى چۈشىنىكسىز ئورۇنلارغا ئىزاھات بېرىلدى.

7. ئىزاھاتلاردىكى بەزى سۆزلەر قىسقارتىلىپ، باش ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەندى: مەسىلەن، شەخسلەرنىڭ ۋاپات

تارىخى «ۋ.» ھەرپى بىلەن، مىلادىيە سۆزى «م.» ھەرپى بىلەن، ھىجرىيە سۆزى «ھ.» ھەرپى بىلەن ئىپادىلەندى.

8. كىتاب ئاخىرىدا بۇ كىتابنى ئىشلەش جەريانىدا پايدىلانغان كىتابلار تىزىملىكى «پايدىلانغان مەنبەلەر» ماۋزۇسى ئاستىدا بېرىلدى.

9. كىتاب ئاكادېمىك ساھەدە ئومۇملاشقان ئىلمىي ئۆلچەم بويىچە ئىشلەندى.

# سەدىددىن كاشغەرىنىڭ تەرجىمىھالى

مۇئەللىپ سەدىددىن كاشغەرىنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ، ئەزىزانە قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. تارىخىي مەنبەلەردە قاچان تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىمۇ مۇھەممەد، بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئەلى، كۇنيەسى ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىدى.

سەدىددىن كاشغەرىنىڭ دەسلەپكى ھاياتى ئانا يۇرتى كاشغەر (قەشقەر) دە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، مەدرىسەلەردە ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن.

جەنەدىي[1] «يەمەن تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ گىراماتىكا، ئەرەب تىلى، تەپسىر، ۋائىزلىق قاتارلىق ساھەلەردە يېتىشكەن ئالىم ھەمدە سوپى ئىدى. تېگى قەشقەردىن بولۇپ، كېيىنكى زامانلاردا مەككىدە 14 يىل تۇرغان، بەزى كىتابلارنى يازغان، نادىر مەلۇماتلارنى توپلىغان، ئىبنى

[1] باھائۇددىن جەنەدىي (ۋ. 732ھ / 1332م) يەمەنلىك مەشھۇر تارىخشۇناس.

ئەسىرىنىڭ[2] «ئۇسدۇلغابە» ناملىق كىتابىنى قىسقارتىپ ئىشلىگەن، كېيىن يەمەنگە كېلىپ يەرلەشكەن. ئۇ ئەسلىدە ھەنەفىي مەزھىپىدە ئىدى، كېيىن شافىئىي مەزھىپىگە يۆتكەلگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: ‹قىيامەت قايىم بولۇپ چۈش كۆرۈپتىمەن، كىشىلەر جەننەتكە كىرىۋاتقۇدەكمىش. مەنمۇ ئۇلاردىن بىر توپ كىشى بىلەن كېتىپ بارسام، بىرى پېشىمنى تارتىپ: جەننەتكە شافىئىي مەزھەپتىكىلەر ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بۇرۇن كىرىدۇ، دېگۈدەكمىش. شۇڭا، مەن جەننەتكە بالدۇر كىرىدىغانلاردىن بولاي دەپ شافىئىي مەزھىپىگە يۆتكەلدىم››[3].

«سەدىدىددىن كاشىغەرىي ئىربىلغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغان ۋە ئۇ يەردە ھىجرىيە 687 - يىلى «مۇنتەخەبۇ ۋاقىئاتىل ھۇسامىي» ناملىق كىتابىنى تۈزۈپ چىققان»[4]. شۇنىڭدىن كېيىن ھىجاز زېمىنىغا بېرىپ، مەككىدە 14 يىل تۇرغان»[5]. ئۇ مەككىدە تۇرۇش جەريانىدا تۆت جىلدلىق «مەجمەئۇل غەرائىب ۋە مەنبەئۇل ئەجائىب» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنى تۈزۈپ چىققان[6].

سەدىدىددىن كاشىغەرىي پىشقان فەقىھ، گىراماتىكا ئالىمى ھەمدە يېتۈك تىلشۇناس ئىدى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا سىپىزم يولىنى تۇتۇش بىلەن تونۇلغان، بىرنەچچە ئورۇندا نۇرغۇن

[2] ئەسلىي ئىسمى ئەبۇلھەسەن ئىززۇددىن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئابدۇلۋاھىد ئەلجەزەرىي ئەلمۇسىلىي ئەششەيبانىي (ۋ. 630ھ / 1233م)، «ئىبنى ئەسىر ئەلجەزەرىي» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر، داڭلىق ئالىم، تارىخشۇناس، نەسەبشۇناس، مۇھەددىس ۋە ئەدىب.

[3] مۇھەممەد جەنەدىي: «ئەسسۇلۇك فىي تەبەقاتىل ئۇلەما ۋەلمۇلۇك»، 2 - جىلد، 143 - بەت؛ ئىمام سۇيۇتىي: «بۇغيەتۇل ۋۇئات فىي تەبەقاتىل لۇغەۋىيىين ۋەننۇھات»، 1 - جىلد، 230 - بەت.

[4] ھاجى خەلىفە: «كەشفۇز زۇنۇن»، 2 - جىلد، 1887 - بەت.

[5] مۇھەممەد ھەبىب ھىلە: «ئەتتارىخ ۋەلمۇئەررىخۇن فىي مەككە»، 59 - بەت.

[6] ئەلى زۇبەيدىي: «ئەلئۇقۇدۇل لۇئلۇئىييە»، 1 - جىلد، 304 - بەت.

راباتلارنى (دەرگاھلارنى) بىنا قىلغان، بىر بۆلەك جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ يەمەنگە كىرگەندە، يەمەنلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شافىئىي مەزھىپىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شافىئىي بولۇپ كۆرۈنگەن ۋە شۇ ھەقتىكى كىتابلارنى ئوقۇغان. ئىب[7] ناھىيەسىدە مەشھۇر فىقھشۇناس يەھيا ئىبنى ئىبراھىمنى ئۇستاز تۇتۇپ «مۇھەززەب»[8]نى، ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغا ئالاقىدار باشقا كىتابلارنى ۋە ئەبۇلفەرەج ئىبنى جەۋزىينىڭ ئەسەرلىرىنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇغان.

بۇ مەلۇماتلاردىن شۇنى يەكۈنلەپ چىقالايمىزكى، سەدىدىددىن كاشغەرىينىڭ ھەنەفىي مەزھىبىدىن شافىئىي مەزھىبىگە يۆتكىلىشى قانداقتۇر تۇراقسىزلىقى ۋە مەۋقەسىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى فەقىھ يەھيا ئىبنى ئىبراھىمنى ئۇستاز تۇتۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن، شافىئىي مەزھىبىگە بولغان قانائەتتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك ۋە ياكى يەمەن شافىئىي مەزھىبى ئومۇملاشقان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئىختىلاپلاشماسلىق ۋە ئەدەب ساقلاپ چىقىشىپ ياشاش يۈزىسىدىن شافىئىي مەزھىبىگە يۆتكەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

«تەئىزدىكى[9] مۇزەففەرىيە مەدرىسەسىدە[10] قازىي بەھائۇددىن ئۇنى مۇقىم مۇدەررىسلىككە تەيىنلىگەن»[11]. «ئۇ مەۋزەئ[12] ساھىلىدا بىر رابات قۇرۇپ، ئەتراپىدا نۇرغۇن خورما دەرەخلىرىنى

[7] يەمەننىڭ پايتەختى سەنئانىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بىر ناھىيەنىڭ ئىسمى.

[8] ئەبۇ ئىسھاق شىيرازىينىڭ فىقھ توغرىسىدىكى مەشھۇر ئەسىرى.

[9] يەمەننىڭ جەنۇبىي ئېگىزلىكلىرىگە جايلاشقان، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان شەھەر.

[10] غالىب سۇلتان يۇسۇف ئىبنى ئۆمەر بىنا قىلغان تەئىز ناھىيەسىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىرى.

[11] ئەلى زۇبەيدىي: «ئەلئۇقۇدۇل لۇئلۇئىييە»، 304 - بەت.

[12] يەمەننىڭ دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان بىر شەھەر بولۇپ، دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمىي دېڭىز پورتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

يېتىشتۈرگەن بولۇپ، خورمىلار مەي باغلاپ پىشقان مەزگىلدە شۇ يەردە تۇرۇپ، خورما مەزگىلى ئاخىرلاشقاندا تەئىز شەھىرىگە قايتىپ كېلەتتى. 705 - يىلى خورما پىشقان مەزگىلدە ئۇ كونا ئادىتى بويىچە، بىر كۈنى مەۋزەئكە كەلدى ۋە ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن شۇ يەردە ۋاپات تاپتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن»[13].

**مۇئەللىپنىڭ ئون نەچچە پارچە ئەسىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:**

1. مەجمەئۇل غەرائىب ۋە مەنبەئۇل ئەجائىب، 4 جىلد (قولىيازما ھالەتتە)؛

2. مۇختەسەرۇ ئۇسدىل غابە فىي مەئرىفەتىس سەھابە (قولىيازما ھالەتتە)؛

4. تىلبەتۇت تەلەبە فىي تەرىقىل ئىلمى لىمەن تەلەبەھ (نەشر قىلدۇرۇلغان)؛

5. كىتابۇس سىياقات فىي زەۋائىدىن نىھايە لىبنى ئەسىر (قولىيازما ھالەتتە)؛

6. مۇنيەتۇل مۇسەللىي ۋە غۇنيەتۇل مۇبتەدىي[14] (ھەنەفىي مەزھىپىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن فىقھىي كىتاب، نەشر قىلدۇرۇلغان)؛

7. مەئالىمۇ ئادابى ئۇلىلئەلباب (قولىيازما ھالەتتە)؛

---

[13] ئەلى زۇبەيدىي: «ئەلئۇقۇدۇل لۇئلۇئىييە فىي تارىخىد دەۋلەتىر رەسۇلىييە»، 147 - بەت.

[14] زىرىكلىي: «ئەلئەئلام»، 7 - جىلد، 32 - بەت.

8. «مۇنتەخەبۇ ۋاقىئاتىل ھۇسامىي»؛

9. تەھزىيبۇل ۋاقىئات (قولىيازما ھالەتتە)؛

10. رىسالەتۇز زىكرىييە؛

11. رىسالەتۇت تەۋھىد؛

12. شەرھۇ ئىستىلاھاتىن نەقشىبەندىييە؛

13. رىسالە دەر تەرىقەتى سۇفىيان.

# مۇقەددىمە

**ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

ئادەم ئەۋلادىنى مۆھتەرەم قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆلىمالارنى تاللاپ چىقارغان ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن؛ يەتتە ئىقلىمدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىچە دۇرۇت ۋە سالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى، سالماقلىق ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنىڭ نەمۇنىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن!

ئاللاھقا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، مەقسەتكە كەلسەك: مېھرىبان پەرۋەردىگارىنىڭ لۇتفى - مەرھەمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچى، ئاجىز بەندە مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد كاشىغەري (ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ئىلىم بەندىنى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يەتكۈزىدىغان ئەڭ ئالىي ھەم بىباھا ۋاستە بولغاچقا، مەن تۆۋەندە ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىپ بەرمەكچى. چۈنكى، نۇرغۇنلىغان تالىبلارنىڭ بىلگەن ئىلىملىرىنى توغرا

ئۇسۇلدا نەشر قىلىشتىن ياكى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن مەھرۇم قالغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئىلىم ئوقۇشنىڭ توغرا ئۇسۇللىرىنى ۋە شەرتلىرىنى تاپالمىغان. ئادەتتە يول تاپالمىغان ھەر كىشى ئېزىپ كېتىشكە مەھكۇم بولۇپ، ھەرقانچە قىلسىمۇ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلمەيدۇ. شۇڭا، مەن بۇ كىچىككىنە رىسالىدە ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئۇسۇللىرىنى باب ۋە بۆلۈملەرگە بۆلۈپ، ئىخچام بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، نىيەتلەرنى بەدەلسىز ئاتا قىلغۇچى، كەرەملىك ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئىستىخارە سالدىم. مېنى بۇ مۇبارەك ئىشقا پەقەت ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلدى. مەن ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلدىم، گۇناھلىرىمدىن تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىمەن. مەن بۇ كىتابىمنى «تەلىبەتۇتتەلەبە فىي تەرىقىل ئىلمى لىمەن تەلەبەھ»، يەنى «تالىپلار قوللانمىسى» دەپ ئاتىدىم.

سەدىدىددىن كاشغەرىي

# بىرىنچى بۆلۈم

## ئىلىمنىڭ ماھىيىتى، پىقھە ئىلمى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئۆگىنىش ھەر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر»[15]. بەزى ئۆلىمالار بۇ ھەدىستىكى «ئىلىم» سۆزىدىن «پىقھە ئىلمى» كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنە «ئىلىمنىڭ ئەۋزىلى پىقھە ئىلمى، ئەمەلنىڭ ئەۋزىلى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتتۇر» دەيدىغان گەپمۇ بار.

دېمەك، مۇسۇلمانغا پەرز بولغىنى كىشىلىك ھاياتىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى

[15] سۇنەن ئىبنى ماجە، ئۆلىمالارنىڭ پەزىلىتى، 224 - ھەدىس.

ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن، ھەر كۈنى ئۆتەيدىغان نامىزىغا ئائىت ئىلىملەرنى ھېچبولمىغاندا پەرز - ۋاجىبلىرىنى بىلگۈدەك دەرىجىدە بولسىمۇ ئۆگىنىشى پەرزدۇر. شۇنىڭدەك، پۇل - مېلى بولسا، زاكاتنىڭ قانداق ئايرىلىدىغانلىقىنى؛ ھەج قىلىشقا شارائىتى يار بەرگۈدەك بولسا، ھەجنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنى؛ روزا تۇتۇشقا تاقىتى يېتىدىغان بولسا، رامىزان روزىسىنىڭ قانداق تۇتۇلىدىغانلىقىنى؛ تىجارەت قىلىدىغان كىشىگە نىسبەتەن سودا - سېتىققا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى پەرزدۇر.

بىر كىشى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەنگە[16]: «زاھىتلىق ھەققىدە بىرەر كىتاب يېزىپ چىقسىلا بولمامدۇ؟» دېگەندە، ئۇ: «سودا - سېتىق ھەققىدە بىر كىتاب تۈزۈپ قويدۇم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن[17]. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن بۇ سۆزىدىن زاھىت كىشىنىڭ تىجارەتتىكى شۈبھىلىك ۋە مەكرۇھ ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان.

تىجارەتتىن باشقا قەرز، ئىجارە، نىكاھ، قەسەم ۋە تالاق قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مەسىلىلەردىمۇ ھۆكۈم ئەنە شۇنداقتۇر. تەۋەككۇل قىلىش، تەۋبە قىلىش، ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى ۋە تەسلىم بولۇش، ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش قاتارلىق قەلب ئەمەللىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى بىلىشمۇ پەرزدۇر. شۈبھىسىزكى، ئىلىم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ھۆرمەتكە ۋە مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن شەرەپلىكتۇر.

---

[16] مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيباني (ۋ. 189ھ) ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ مەشھۇر شاگىرتى ۋە ھەنەفىي مەزھەب پېشۋالىرىدىن بىرى.

[17] سەرەخسىي: «مەبسۇت»، 12 - جىلد، 111 - بەت.

مۇنداق بىر شېئىر بار[18]:

ئىلىم ئۆگەن ئەزىز دوستۇم، ئىلىم – ئەھلىگە زىننەتتۇر،
پەزىلەت ھەم ئۇلۇغلۇققا ئاتاق، ئۇنۋان، ئالامەتتۇر.

ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، ئۈزۈپ ئوينا، ھالاۋەت سۈر،
قازانغىن، ھەر كۈنى پايدا، بىلگىنكى، بۇ – سائادەتتۇر.

ئۆگەن فىقىھ، نادان قالما، چوقۇمكى ئۇ بىشەك ئەۋزەل،
ياخشىلىق ھەم تەقۋالىققا ئەجەب ياخشى دالالەتتۇر.

جىمى تەسلىك، مۇشكۈلاتنىڭ قورغانى ھەم داۋاسى ئۇ،
توغرا يولغا باشلار دائىم، بىلىپ قوي، ئۇ – ھىدايەتتۇر.

تەقۋادار بىر فەقىھ كۈچلۈك نادان، جاھىل مىڭ ئابىدتىن،
يېگەر شەيتاننى بىر فەقىھ، نادان ھالى ھالاكەتتۇر.

ئىلمىنۇجۇمغا كەلسەك، ئۇ – كېسەللىككە ئوخشاش زىيانلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىبلىنى تېپىش ۋە نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىلىشكە ياردىمى بولىدىغان قىسمىدىن زىيادە بىر نەرسە ئۆگىنىش ھارامدۇر. بۇنىڭ ھاراملىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئاللاھنىڭ قازا ۋە قەدەرىدىن قېچىش مۇمكىن ئەمەستۇر (قەدىمدە بۇ ئىلىم ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى). مۇسۇلمان كىشى كۆپ ۋاقتىنى ئاللاھقا زىكىر ئېيتىش، دۇئا قىلىش، ئاللاھقا يالۋۇرۇش، قۇرئان تىلاۋىتى قاتارلىقلار بىلەن ئۆتكۈزۈشى ھەمدە

[18] ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز سالمان: «مەجمۇئەتۇل قەسائىدىز زۇھدىييات»، 1 - جىلد، 90 - بەت.

بالايى - ئاپەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالادىن دۇنيا - ئاخىرەتتە گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىشىنى ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشىنى تىلەپ تۇرۇشى لازىم. دۇئا قىلىشتىن نېسىۋىدار بولغان كىشى ئىجابەت قىلىنىشتىن مەھرۇم قالمايدۇ.

ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئىككى تۈرلۈكتۇر: دىننى قوغدايدىغان فىقھ ئىلمى ۋە تەننى قوغدايدىغان تىبابەت ئىلمى. بۇلاردىن باشقىسى سورۇن كەيپىدۇر»[19].

ئىلىمگە كەلسەك، ئۇ – ئىلىملىك كىشىنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە نامايان بولىدىغان ئالاھىدىلىكتۇر. فىقھ بولسا ئىلىمنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلىش دېمەكتۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ: «فىقھ – كىشىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ۋە زىيانلىق بولغان ئىشلارنى بىلىشى دېمەكتۇر[20]» دېگەن. ئۇ يەنە: «ئىلىم – ئەمەل قىلىش دېمەكتۇر، ئەمەل قىلىش بولسا ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيالىق ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىش دېمەكتۇر»[21] دېگەن.

ئىلىمنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئايەت ۋە مەشھۇر ھەدىسلەر بار.

---

[19] ئەبۇ بەكرى بەيھەقىي: «مەناقىبۇش شافىئىي»، 2 - جىلد، 115 - بەت.

[20] سەدرۇش شەرىيئە: «تەۋزىھ لىمەتنىت تەنقىھ»، 1 - جىلد، 10 - بەت.

[21] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 35 - بەت.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## نىيەت ھەققىدە

### ئىلىم ئۆگىنىشتىكى نىيەت:

كۆپلىگەن دۇنيالىق ئىشلار ياخشى نىيەت ئارقىلىق ئاخىرەتلىك ئەمەللەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، يەنە كۆپلىگەن ئاخىرەتلىك ئەمەللەر يامان غەرەز ئارقىلىق دۇنيالىق ئىشلار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە جەننەتنى كۆزلىسۇن؛ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى چىرمىۋالغان جاھالەتنى يوقىتىشنى، دىننى ياشنىتىشنى، ئىسلامنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشنى نىيەت قىلسۇن. بىلىمسىزلىك بىلەن نە زاھىتلىق، نە تەقۋادارلىق قىلغىلى بولمايدۇ.

شەيخ ئىمام بۇرھانىدىن مۇنداق بىر شېئىر ئوقۇغان[22]:

زېمىنغا چوڭ پاسات - ئاپەت، ئۆلاردۇر ئىككى كاساپەت:
بىرى ئالىمكى بىئەمەل، بىرى نادان ئىشى تائەت.
جاھاننىڭ پىتنىسى ئۇلار، زىياندىش ھەم پاسادى چوڭ،
ھەقىقىي، چىن مۇسۇلمانغا بولار داۋان، مەڭگۇ ئاپەت.

## ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلار:

ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشنى، ئىلىم ئارقىلىق مال - دۇنيا توپلاشنى، ئەمەلدار ۋە باشقىلارنىڭ ئىززەت - ئىكرامىغا ئېرىشىشنى نىيەت قىلماسلىقى كېرەك.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ بىر شېئىرىدا مۇنداق دېگەن[23]:

ئۆگەنگۈچى ئىلىمنى ئاخىرەتنى كۆزلىسە،
يېتەر توغرا، ھەق يولغا ئەمەل قىلىپ سۆزلىسە،
مال، ئابرۇينى كۆزلىمەي نىيىتىنى تۈزلىسە،
ئەجەب زىيان، ۋاي زىيان «يوغان موللا بىز» دېسە،

[22] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 36 - بەت. بۇ شېئىرنى ئىجاد قىلغان شائىرنىڭ كىم ئىكەنلىكىدە ھەققىدە پەرقلىق قاراشلار مەۋجۇت.

[23] بۇ شېئىر تۆۋەندىكى مەنبەلەردە ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە مەنسۇپلۇقى تىلغا ئېلىنغان: خەتىب باغدادىي: «تارىخى باغداد»، 4 - جىلد، 50 - بەت؛ سۇيۇتىي: «ئەلئىزدىھار»، 1 - جىلد، 3 - بەت. ئىمام غەززالىينىڭ «مىنھاجۇل مۇتەئەللىم» ناملىق ئەسىرىنىڭ 17 - بېتىدە بۇ ئەسەر ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇستازى ھەممادقا مەنسۇپ قىلىنغان.

## ئىلىم ئۆگەنگۈچى قاچان ھوقۇق - مەنسەپ تەلەپ قىلسا بولىدۇ؟

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ھېچقاچان ھوقۇق - مەنسەپ تەلەپ قىلسا بولمايدۇ. پەقەت ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، ھەق ۋە ئادالەت بەرپا قىلىش، ئۆز نەپسى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دىنىنى ئۈستۈن قىلىش مەقسىتىدە ھوقۇق - مەنسەپ تەلەپ قىلسا بولىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئىلىم ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە مال - دۇنياغا ئېرىشىشنى نىيەت قىلىشى جائىز بولمايدۇ. چۈنكى، مال - دۇنيا ئەرزىمەس، ئۆتكۈنچى، ماھىيەتتە ئازغىنا نەرسىدۇر.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[24]:

دۇنيا دېگەن خار نېمە،<br>
كەڭرى ئەمەس، تار نېمە.<br>
ئاشىقلىرى يېتەلمەي،<br>
ۋىسالىغا زار نېمە.<br>
بىردەم بولسا، بىردەم يوق،<br>
چاڭ - توزان يا پار نېمە.<br>
سېھىر قىلىپ كۆزلەرنى،<br>
ئالدايدىغان يار نېمە.<br>
ئېغىر قىلىپ قۇلاقنى،<br>
گوللايدىغان ئار نېمە.

[24] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 17 - بەت.

ئەگەشكەندىن ئۇنىڭغا،

«يول تاپقانلار بار» دېمە!

ئىلىم ئۆگەنگۈچى تەمەخورلۇق قىلىپ ئۆزىنى خار قىلماسلىقى، كەمتەر بولۇشى، كەمتەر بولدۇم دەپ ئۆزىنى خارلىماسلىقى، ئۆزۈمنى ئۇستۇن تۇتىمەن دەپ تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقى، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشى لازىم.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[25]:

تەقۋادار كېلىدۇ كەمتەر، مۇلايىم،

ئۆرلەيدۇ يۈكسەككە پەرۋاز قىپ دايىم.

كىبىرلىك ياراشماس، رەبنىڭ ھەققى ئۇ،

ئۇزاق تۇر ئۇنىڭدىن، ئەزىز ھەمرايىم!

[25] شائىرنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكرى ئەلفەرغانىي (ۋ. 1196م).

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## تاللاشلار ھەققىدە

**ئىلىم تاللاش:**

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ھەر ئىلىمدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئوقۇشى لازىم. مەسىلەن، پەلسەپە ئارىلاشقان يېڭى تەۋھىد ئىلمى ئەمەس، بەلكى ساھابىلەر دەۋرىگە ئائىت ئەسلىي تەۋھىد ئىلمىنى، ئاشۇرۇۋەتمەستىن ۋە ھەددىدىن زىيادە كۆچلاپ ئولتۇرماستىن ئۆگىنىشى كېرەك. فىقھ ئىلمىنى ئۆگىنىشى، ئەرەب تىلى ئىلمىنىمۇ تىل خاتالىقلىرىدىن ساقلانغۇدەك ۋە تىل قائىدىلىرىنى بىلگۇدەك دەرىجىدە ئۆگىنىشى كېرەك.

ئىلىم ئۆگەنگۈچى (دەسلەپكى باسقۇچلاردا) «مۇنازىرە ئىلمى»دىن ئۇزاق تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، يولىدا قىلىنىمىغان

مۇنازىرە ئۆمۈرنى زايە قىلىدۇ، ئارىنى بۇزىدۇ، ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ، (ئەسلىي) ئىلىمدىن مەھرۇم قويىدۇ.

### ئۇستاز تاللاش ۋە سەۋرچان بولۇش:

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ پىشقەدەم كىشىنى ئۇستاز تۇتۇشى كېرەك. قەلبىدە ئاللاھ قورقۇنچى بار بىرەر كىشىدىن قانداق ئۇستازنى تاللاش، ئوقۇماقچى بولغان ھەر پەندە قايسى ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە قايسى كىتابلارنى ئوقۇش ھەققىدە مەسلىھەت ئېلىشى كېرەك.

ئەگەر بىرەر ئۇستاز ياكى كىتابنى تاللىغان بولسا، سەۋر قىلسۇن، چۈنكى سەۋر ۋە چىدامچانلىق پۈتۈن ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى مۇھىم ئاساستۇر. شۇنداقتىمۇ ئىلىم ئۆگىنىش مۇنۇ شېئىردا دېيىلگەندەك ئاسان ئەمەستۇر:

قىمىرلايدۇ ھەر كىشى ئۆرلەش ئۈچۈن يۈكسەككە،

لېكىن، يەتكەن بەك ئازدۇر ئارزۇ - ئۈمىد، تىلەككە.

ھەرگىز لايىقىدا ئوقۇماي تۇرۇپ پەندىن - پەنگە، كىتابتىن - كىتابقا يۆتكىلىپ يۈرمەسلىك كېرەك.

### زۆرۈرىيەتسىز شەھەردىن شەھەرگە كۆچمەسلىك:

ئىلىم ئۆگەنگۈچى يەرلەشكەن بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە زۆرۈرىيەتسىز كۆچۈپ يۈرمەسلىكى لازىم.

### ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك:

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكى لازىم.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[26]:

ئىشقى ھەۋەس بىل چوقۇم خارلىقنىڭ ئۆزى،
بىھوش، كېسەل ئاشىقلار، زەپىران يۈزى.

### ساۋاقداش تاللاش:

ئىلىم ئۆگەنگۈچى تەقۋادار، خاراكتېرى ساغلام ساۋاقداش تاللىشى؛ ھورۇن، بىكارچى، كوت - كوت، ئىستىلى بۇزۇق، پىتنىخورلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[27]:

بىلەي دېسەڭ بىرىنى باق دوستىغا نە ھالى؟
بىر - بىرىنى دورىشىپ ئوخشاش بولۇر ئەمالى.

مۇنداقمۇ بىر شېئىر بار:

گۈزەل بولسا بىر جاينىڭ ئىسمى - ئاتاق لەقىبى،
بولماس ئۇنىڭ كۆپىنچە قۇسۇر، چاتاق، ئەيىبى.
قىياس قىلغىن بىر دوستنى بىر دوستىغا ئوخشىتىپ،
يامان بولسا يامان بىل، ياخشى بولسا گۈل كەبى.

[26] بەزىلەر بۇ شېئىرنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەنسۇپ قىلىدۇ، لېكىن بۇ شېئىر ئىمام شافىئىينىڭ: «دىۋانۇش شافىئىي» ناملىق ئەسىرىنىڭ 163 - بېتىدە ئىمام شافىئىينىڭ شېئىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

[27] بۇ شېئىرنى ئەبۇ ئۇبەيدە مەئمەر ئىبنى مۇسەننا قۇس ئىبنى سائىدەنىڭ شېئىرى دەپ ئوقۇغان. ئىبنى ئابدۇلبەر: «جامىئۇ بەيانىل ئىلمىي»، 877 - بەت.

# تۆتىنچى بۆلۈم

## ئىلىمنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇستازنى ئۇلۇغ بىلىش ھەققىدە

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئىلىمنى، ئۆلىمالارنى ۋە ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلىگەندىلا، ئىلىمدىن مەنپەئەتلىنەلەيدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا «ئىتائەتتىن ھۆرمەت ئەلا» دېگەن سۆزمۇ بار.

مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئىمام ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ: «ماڭا بىر ھەرپ ئۆگەتكەن كىشى مېنىڭ خوجايىنىمدۇر»[28] دېگەن ئىكەن.

[28] بۇ ئىبارە بىلەن كەلگەن سەھىھ رىۋايەت يوق. مۇھەممەد ئەمىر مالىكي «ئەننۇخبەتۇل بەھىييە» ناملىق كىتابىنىڭ 367 - بېتىدە بۇنى ھەدىس ئەمەس، دېگەن. لېكىن، ئىمام تەبەرانىي «ئەلمۇئجەمۇل كەبىير» ناملىق ئەسىرىنىڭ 8 - جىلد، 112 - بېتىدە: «بىر كىشى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن بىر ئايەتنى ئۆگەتكەن بولسا، ئۆگەنگۈچى ئۆگەتكۈچىنىڭ قۇلى بولىدۇ» دېگەن بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىمام زەھەبىي

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[29]:

مۇئەللىمنىڭ ھەققىنى بارچە ھەقتىن بىل ئەۋزەل،
قوغدا ئۇنى مۇسۇلمان، گەپ - سۆزىنى بىل ھەسەل.
بىر ھەرپكە مىڭ دىرھەم بېرىلسىمۇ ئەرزىيدۇ،
ھۆرمىتىگە يېزىلسا شېئىر، داستان، مىڭ غەزەل.

## ئىلىم ئۆگەنگۇچىنىڭ ئۇستازى ئالدىدىكى ئەخلاقى:

ئۇستازىنىڭ ئالدىدا ماڭماسلىق، ئورنىدا ئولتۇرۇۋالماسلىق، ئىزنىنى ئالماي تۇرۇپ گەپ باشلىماسلىق، يېنىدا تولا گەپ قىلماسلىق، چارچاپ قالغاندا سوئال سورىماسلىق، ئىشىكىنى (ئۇچ قېتىمدىن ئارتۇق) قاقماسلىق، بالىلىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىن - يورۇقلىرىنى ھۆرمەتلەش قاتارلىقلار ئىلىم ئۆگەنگۇچىنىڭ ئۇستازى ئالدىدىكى ئەدەبلىرىدىندۇر.

ھېكايە قىلىنىشىچە، ھارۇن رەشىد ئوغلىنى ئىلىم ئۆگىنىش ئۇچۇن ئەسمەئىينىڭ[30] ھۇزۇرىغا ئەۋەتىدۇ. بىر كۈنى ئەسمەئىي تاھارەت ئېلىپ، پۇتىنى يۇيۇۋاتقاندا، خەلىپە ھارۇن رەشىد ئوغلىنىڭ ئۇنىڭ پۇتىغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، ئەسمەئىيگە: «مەن ئوغلۇمنى سىزنىڭ

---

«زەيلۇز زۇئەفا» ناملىق كىتابىنىڭ 254 - بېتىدە بۇ، «مۇنكەر ھەدىس» (زەئىپنىڭ ئاجىز بىر تۈرى) دەپ رەت قىلغان.

بۇ سۆز بەزى شىئە كىتابلىرىدا ئىمام ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب كەررەمەللاھۇ ۋەجھەگە مەنسۇپ قىلىنىدۇ. ئەمما، مۇھەممەد ئەمىر مالىكىي «ئەننۇخبەتۇل بەھىييە» ناملىق كىتابىنىڭ 367 - بېتىدە بۇنى ھەدىس ئەمەس، دېگەن.

[29] بۇ شېئىر ھىجرىيە 1156 - يىلى ۋاپات بولغان ئەبۇ سەئىد خادىمىينىڭ «بەرىيقە مەھمۇدىييە» ناملىق كىتابىنىڭ 4 - جىلد، 3 - بېتىدە ئىمام ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب كەررەمەللاھۇ ۋەجھەگە مەنسۇپ قىلىنغان.

[30] تولۇق ئىسمى ئابدۇلمەلىك ئىبنى قەرىب ئەلئەسمەئىي بولۇپ، بەسرەلىك كاتتا ئەرەب تىلى ئالىمى، ھىجرىيە 216 - يىلى بەسرەدە ۋاپات بولغان.

يېنىڭىزغا ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگەتسۇن، دەپ ئەۋەتكەن ئىدىم. سىز نېمىشقا ئۇنى بىر قولىدا سۇ قۇيۇپ، يەنە بىر قولىدا پۇتىڭىزنى يۇيۇپ قويۇشقا بۇيرۇمايسىز؟» دەيدۇ[31].

## ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ كىتاب ئالدىدىكى ئەخلاقى:

كىتابنى ھۆرمەتلەش ئىلىمنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ كىتابنى تاھارەتسىز تۇتماسلىقى ئەۋزەلدۇر.

شەيخ ئىمام ھۇلۋانىي[32] مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ئىلىمگە پەقەت ئۇنى ئۇلۇغلاش بىلەن ئېرىشتىم، كىتابنىڭ ۋاراقلىرىنى تاھارەتسىز ئۆرۈپ باقمىدىم»[33].

ئېيتىلىشىچە، بىر كېچىسى «ئىماملار قۇياشى» دەپ نام ئالغان ئىمام سەرەخسىينىڭ[34] قورسىقى ئاغرىپ، ئىچى سۈرۈپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ تاھارەتسىز دەرس تەكرارلىماسلىق

[31] زىرىكلىي: «ئەلئەئلام»، 4 - جىلد، 162 - بەت.

[32] تولۇق ئىسمى ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەھمەد ئىبنى نەسر ئىبنى سالىھ ئەلھۇلۋانىي ئەلبۇخارىي (ۋ. 448ھ)، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى فىقھشۇناس ئالىم، «شەمسۇل ئەئىممە» (ئىماملار قۇياشى) دېگەن ئۇنۋان بىلەن تونۇلغان. «ئەلمەبسۇت»، «ئەننەۋادىر»، «ئەلفەتاۋا»، «شەرھۇ ئادابىل قازىي» ۋە «ئەلفەۋائىد» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

[33] شەيخ زادە: «مەجمەئۇل ئەنھۇر»، 1 - جىلد، 26 - بەت.

[34] شەمسۇل ئەئىممە مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەبى سەھل سەرەخسىي خەزرەجىي ئەنسارىي (ۋ. 490) سەرەخس (تۈركمەنىستان) تىن چىققان ھەنەفىي فىقھ ۋە ئۇسۇل فىقھ ئالىمى. ئىبنى كەمال پاشا ئۇنى مۇجتەھىدلەردىن سانىغان. ئۇ ئىلىمگە ئەمەل قىلىدىغان، ھۆكۈمدارلارغا نەسىھەت قىلىدىغان ئالىم بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن خاقان تەرىپىدىن زىندانغا تاشلانغان ئىدى. زىنداندا تۇرۇپ 30 جىلدتىن تەركىب تاپقان «مەبسۇت» ناملىق ھەنەفىي فىقھىسىدىكى ئەڭ چوڭ كىتابنى تۈزۈپ چىققان، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىينىڭ «ئەسسىيەرۇل كەبىر» ناملىق كىتابنى ۋە «مۇختەسەرۇت تاھاۋى» ناملىق كىتابنى شەرھلىگەن ھەمدە ھەنەفىي ئۇسۇل ئىلمىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر كىتابلاردىن بىرى بولغان «ئۇسۇلۇس سەرەخسىي» ناملىق كىتابنى يازغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ھېلىھەم قىرغىزىستاندىكى ئۆزجەند شەھىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇچۇن، بىر كىچىنىڭ ئىچىدە جەمئىي 17 قېتىم تاھارەت ئالماشتۇردى[35].

تەپسىر كىتابلىرىنىڭ ئۇستىگە باشقا كىتابلارنى قويماسلىق، زۆرۈر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا كىتاب ئۇستىگە باشقا نەرسىلەرنى قويماسلىقمۇ ئىلىمنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ ئىنتايىن ئىنچىكە، ئۇششاق خەت يېزىۋاتقان بىر پۇتۇكچىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئەگەر ياشاپ قالساڭ، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن؛ ئۆلۈپ كەتسەڭ، تىل - ئاھانەتكە قالىسەن»[36].

كۆزى ساغلام كىشىمۇ قىينىلىپ، تەس ئوقۇيالايدىغان خەت ئۇششاق خەت ھېسابلىنىدۇ.

ساۋاقداشلىرىنى ۋە ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلەش ئىلىمنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر، ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا قىلىنغاندىن باشقا چاغلاردىكى خۇشامەت ناچار ئىللەتتۇر.

ئىلىمنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە دېيىلگەن مۇنداق سۆزلەرمۇ بار: «بىرەر مەسىلىنى 1000 قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ، تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندەك ھۆرمەت بىلدۈرمىگەن كىشى ھەقىقىي ئىلىم ئەھلى ئەمەس»[37].

دەرس ۋاقتىدا تالىب بىلەن ئۇستازىنىڭ ئارىلىقى بىر يا مىقدارى بولۇشى، چوڭچىلىق قىلماسلىقى، يەنى ئۇستازىدىن كۆڭلىگە كەچكەن سوئالنى سوراشتىن چوڭچىلىق قىلماسلىقى كېرەك.

---

[35] شەيخ زادە: «مەجمەئۇل ئەنھۇر»، 1 - جىلد، 26 - بەت.

[36] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 26 - بەت.

[37] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 27 - بەت.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[38]:

دۇنياپەرەس، پوچىغا ئىلىم ھەرگىز يېپىشماس،
سەلگە باققىن ئۇ ھەرگىز ئېگىز جايغا ئېتىشماس.

[38] ئەبۇ تەمام: «دىۋانۇل ھەماسە»، 77 - بەت.

# بەشىنچى بۆلۈم

## تىرىشچانلىق ۋە ئىزچىللىق ھەققىدە

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئىزدىگەنلەر تىرىشىپ مەقسىتىگە يېتىدۇ،
قېقىۋەرسەڭ ئىشىكنى ئاخىر بىر كۈن ئاچىدۇ.

مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزمۇ بار: «تىرىشقان تاپار».

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ تىرىشچانلىقىغا موھتاج: ئۆزى، ئۇستازى، دادىسى

ياكى باققۇچىسى.

ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ بىر شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ[39]:

ئىزدىگەنلەر تىرىشىپ مەنزىلىنى تاپىدۇ،
ئىشىك قاققان چىڭ تۇرۇپ راھەت ئۆيدە ياتىدۇ.

يەنە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[40]:

ھەل قىلىدۇ ياخشىلىق قىيىن ئىشنى يىراقنى،
ئېچىپ تاشلار تىرىشماق ھەر ئىشىكنى، تاقاقنى.
خەلقى ئالەم ئىچىدە كىمدۇر غەمكىن بىلەمسەن؟
كۆر ھىممەتلىك جەسۇرنى، يوقسۇل ئۆتكەن ساياقنى.
باق قەدەرنىڭ ئىشىغا: جاپا تارتسا ئەقىللىق،
ئەخمەق يەيدۇ بال، قايماق، باغاشلايدۇ ئوماقنى.

يەنە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئارزۇ قىلساڭ بولاي دەپ سۆزمەن، ناتىق، ئەللامە،
ھېچبىر جاپا تارتمايلا، ئەمەسمۇ بۇ ساراڭلىق؟!
تاپالمايسەن پۇلنىمۇ تۆكمەي تۇرۇپ قان - تەرنى،
بىر كېچىدە بوپ موللا، بولالامسەن يارامىلىق؟

[39] ئىمام شافىئىي: «دىۋانۇش شافىئىي»، 15 - بەت.

[40] ئىمام شافىئىي: «دىۋانۇش شافىئىي»، 132 – 133 - بەتلەر.

**ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئەتىگەن - ئاخشاملىرى دەرس ئۆگىنىشى ۋە تەكرار قىلىشى لازىم.**

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر شېئىر بار[41]:

ئەي ئىلىمنىڭ ئاشىقى! ئاللاھتىن قورق، تەقۋا بول،
ھەزەر قىلغىن توقلۇقتىن، ئاز ئۇخلىغىن، ھوشيار بول.
داۋام بولسۇن دەرسلەر، ئوقۇ، ئۆگەن ھەر دائىم،
ئۆگەنمىسەڭ ئىلىم يوق، ئىلىمگە سەن خۇشيار بول.

يەنە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[42]:

جاپا تارتساڭ قانچىلىك، ئېرىشكەيسەن شۇنچىلىك،
يېتەي دېسەڭ مۇرادقا ئۇخلىما كۆپ بۇنچىلىك.
غەنىيمەت بىل ياشلىقنى، ئۇ ھاياتنىڭ گۈل چېغى،
داۋاملاشماس مەڭگۈگە ياشلىق، شاشلىق، غۇنچىلىك.

تالىب ئىلىم ئۆگىنىشتە ئۆزىنى زىيادە قىينىۋەتمەسلىكى، ئۆزىنى ئاۋايلىشى، نورمال يول تۇتۇشى لازىم. بولمىسا، ئىلىم يولىدىن توختاپ قالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، بۇ دىن ھەقىقەتەن چىڭدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا سىلىقلىق بىلەن كىرگىن، نەپسىڭنى ئىبادەتكە ئۆچ قىلىۋەتمىگىن. ئۇلىغىنى ھارغۇزۇپ قويۇپ، يېرىم يولدا توختاپ قالغان كىشى يا كۆزلىگەن جايىغا

[41] ئىبنى ھىببان: «رەۋزەتۇل ئۇقەلا»، 1 - جىلد، 35 - بەت.

[42] مۇناۋى: «فەيزۇل قەدىر»، 4 - جىلد، 505 - بەت.

بارالمايدۇ، يا ئۆلۈمنى ساق قويمايدۇ»[43].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «نەپسىنىڭ سېپىنىڭ ئۆلۈمىڭدۇر، ئۇنىڭغا يۇمشاق بولغىن»[44].

لېكىن، ئىلىم ئۆگىنىشتە ھىممەت ئالىي بولمىسا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر سەھىھ ھەدىسمۇ بار: «قۇش قاناتلىرى بىلەن ئۇچقاندەك، ئىنسانمۇ ھىممەت - ئىرادىسى بىلەن ئۇچىدۇ»[45].

ئەبۇ تەييىب مۇتەنەببىي مۇنداق دەيدۇ[46]:

ئۇلۇغنىڭ غايىسى، مەقسىتى ئالىي،
سېخىينىڭ مەردلىكى دېڭىز مىسالى.

بۈرگىمۇ تۆگىدەك بېخىل، نامەردكە.
تۆگىمۇ بۈرگىدەك ئېسىل ھەم مەردكە.

ئېيتىلىشىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يەتتە ئىقلىمنى قول ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانماقچى بولغاندا، ئۇستازى ئارستوتىلغا مەسلىھەت سېلىپ: «دۇنيانىڭ سەلتەنىتى ئەرزىمەس نەرسە تۇرسا، شۇنچىلىك سەلتەنەتنى دەپ نېمىشقىمۇ سەپەر قىلارمەن؟ بۇ شۇنچۇۋالا ئالىي

[43] بەيھەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، 4931 - ھەدىس.

[44] بۇنداق بىر ھەدىسنى تاپالمىدىم.

[45] بۇنداق ئىبارە بىلەن بىرەر ھەدىسنى تاپالمىدىم، ئەمما زەرنۇجىي «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم» ناملىق كىتابىنىڭ 91 - بېتىدە بۇ سۆز ھەدىس ئەمەس، ھېكمەتلىك سۆز قاتارىدا كەلتۈرۈلگەن.

[46] مۇتەنەببىي: «دىۋانۇل مۇتەنەببىي»، 422 - بەت.

ھەممەت كۆرسىتىشكە ئەرزىمىدۇ؟» دېگەن ئىكەن. ئۇستازى ئۇنىڭغا: «ئەگەر بىرەر جايىنى سەلتەنىتىنىڭ ئاستىغا ئالساڭ، ئاخىرەتتىنىڭ مۈلكىگە ئىگە بولۇشنى كۆزلەپ ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلغىن» دېگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ سۆز ئۇنىڭغا خۇش يېقىپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرغان ئىكەن[47].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئىبلىس ئىشلارنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ناچار ئىشلارنى يامان كۆرىدۇ»[48].

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ يۇسۇف رەھىمەھۇللاھقا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سەن دەسلەپتە ئۇنچىۋالا ئەقىللىق ئەمەس ئىدىڭ، ئىزچىل تىرىشىش سېنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ھۇرۇنلۇقتىن ساقلانغىن، ھۇرۇنلۇق شۇملۇقتۇر»[49].

---

[47] تارىخىي ماتېرىياللاردا دۇنيادا كاتتا سەلتەنەت سۈرگەن ئىككى ئىسكەندەر تىلغا ئېلىنىدۇ. بىرى، كەھف سۈرىسىنىڭ 83 – 98 - ئايەتلىرىگىچە قىسسىلىرى زىكىر قىلىنغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن؛ يەنە بىرى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 - يىلدىن 323 - يىلغىچە ياشاپ، ماكېدونىيەدە ھۆكۈم سۈرگەن ۋە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، بالقان ۋە ھىندى رايونلىرىنى، پارس ئىمپېراتورلۇقىنى ھەمدە ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزگەن ئالېكساندىر ئىسكەندەر ماكېدونىيدىن ئىبارەت. بەزى تارىخشۇناسلار بۇ ئىككىسىنى بىر كىشى دەيدۇ. لېكىن، بۇنداق بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. چۈنكى، تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئالېكساندىر ئىسكەندەر ماكېدونىيىنىڭ يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى كۆپ ئىلاھقا چوقۇنىدىغانلىقى مەلۇم. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولسا يېگانە ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان سالىھ ۋە ئادىل پادىشاھ. بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئالېكساندىر ئىسكەندەر ماكېدونىي بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارىستوتىلدىن تەلىم ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. زەرنۇجىي «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم» ناملىق كىتابىدا «ئۇستازى ئارىستوتىلغا مەسلىھەت سالغان» دەپ يازماستىن، «ھۆكۈمالارغا مەسلىھەت سالغان» دەپ يازغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، زەرنۇجىي ئۇنىڭ قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

[48] بەيھەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، 212999 - ھەدىس.

[49] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 32 - بەت.

ئەبۇ نەسىر ئەنسارىي مۇنداق شېئىر ئوقۇغان[50]:

ئەي كۆڭۈل! بوش كەلمە، شاش تۇرغىن دائىم،
ياخشى بول، ئادىل بول، روھلۇق، مۇلايىم.
ياخشىلار بەختىيار، خۇشال ھەردەمدە،
ھۇرۇنلار نەس بېسىپ، بولالماس قايىم[51].
يۈرەكسىز، چارىسىز ھۇرۇن كىشىگە،
پۇشايمان يار بولۇر، ساقلا خۇدايىم!

ھۇرۇنلۇق ئىلىمنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا كۆپ تەپەككۇر قىلمىغانلىقتىن بولىدۇ. ئىلىم باقىي، مال - دۇنيا پانىيدۇر.

زەھىرۇددىن مەرغىنانىي[52] بىر شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ[53]:

نادانلار ئۆلۈكتۇر تىنىپ ياتسىمۇ،
ئالىملار تىرىكتۇر ئۆلۈپ كەتسىمۇ.

---

[50] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 35 - بەت.

[51] قەددى رۇس، ئورنىدىن دەس تۇرغان، دېگەن مەنىدە.

[52] ھەسەن ئىبنى ئەلى زەھىرىددىن كەبىر مەرغىنانىي (511ھ – 593ھ) بۈيۈك ئىسلام ئالىمى، ھەنەفىي مەزھەپ فەقىھى بولۇپ، فىقھ ئىلمىنى شەمسۇل ئەئىممە ئىمام سەرەخسىينىڭ شاگىرتلىرىدىن بۇرھاندىن كەبىر ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئۆمەر ئىبنى مازە، شەمسۇل ئەئىممە مەھمۇد ئۆزجەندىي ۋە زەكىيۇددىن خەتىب مەسئۇد ئىبنى ھەسەن كۇشانىي قاتارلىقلاردىن ئۆگەنگەن. زەرنۇجىيمۇ «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم» ناملىق كىتابىدا تۆۋەندىكى شېئىرنى مەزكۇر ئالىمنىڭ ئوقۇغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

[53] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 35 - بەت؛ تەقىيىيۇددىن غەززىي: «ئەتتەبەقاتۇس سەنىييە فىي تەراجىمىل ھەنەفىييە»، 237 - بەت (شېئىر بۇ كىتابتىمۇ ئەبۇنەسىر ئەلمەرغىنانىيغا مەنسۇپ قىلىنغان).

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[54]:

ئىلىم دېگەن بىباھا، ئوقۇ، ئۆگەن سەن ئۇنى،
ئۆگەنگەچكە ئىلىمنىڭ كونىرىماس زەر تونى.
بىلمىگەننى ئۆگەنگىن، بەك تىرىشقىن، ھارمىغىن،
باشتىن - ئاخىر ئىلىمنىڭ گۈزەل ھۆسنى، رەڭ، ئۇنى.

شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن مەرغىنانىي[55] ئىلىم توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ[56]:

ئىلىم دېگەن ئاپئاق نۇر، يول باشلايدۇ زۇلمەتتە،
ئىلىمسىز ئەر بىر ئۆمۈر باياۋاندا، كۈلپەتتە.
نىجاتلىق بار ئىلىمدە، خەقلەر يۈرسە غەپلەتتە،
چوڭ ئۇمىد بار ئىلىمدە روھلار قالسا مىڭ دەردتە.
كىم ئۆگەنسە ئىلىمنى زىيان تارتماس مەقسەتتە،
كىم تاپلىسا ئىلىمنى غېمى قالماس ئەلۋەتتە.
ئىلىم مۇنبەت تۇپراقتۇر، ئالغىن، قالما بىر چەتتە،
ئېرىشسەڭ گەر سەن ئاڭا كۆزۈڭ بولماس مەنسەپتە.

[54] ئەبۇلفەتھىل بۇستىي: «دىۋانۇ ئەبىلفەتھىل بۇستىي»، 85 - بەت.

[55] بۇرھانۇددىن ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ بەكىر ئىبنى ئابدۇلجەلىل مەرغىنانىي (593ھ / 1197م) ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كاتتا فىقھشۇناس ئىماملىرىدىن بىرى بولۇپ، «ھىدايە» كىتابىنىڭ مۇئەللىپىدۇر. ئۇنىڭ كىتابلىرى ھەنەفىي مەزھىپىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئارىسىدا ئاساسىي ھەم كەڭ تارقالغان كىتابلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇفەسسىر، مۇھەققىق، ئەدىب ۋە مۇجتەھىد ئالىملاردىندۇر.

[56] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 33 - بەت؛ جامالۇددىن ھەبەشىي ۋۇسابىي: «نەشر تەييىت تەئرىف فىي فەزلى ھەمەلەتىل ئىلمىش شەرىف»، 1 - جىلد، 183 - بەت.

قولدىن كېتىپ مال - دۇنيا ئۆتمىسەڭمۇ راھەتتە،
پەرۋا قىلماي ئىلىم ئال، چۈنكى سەن چولڭ نېمەتتە.

بەزىدە بەدەندە بەلغەم ۋە نەملىكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىنمۇ ھۆرۈنلۈق پەيدا بولىدۇ. قۇرۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش، ناشتىلىقتا ئۇسساتمايدىغان دەرىجىدە، ئازراق بولسىمۇ قۇرۇق ئۈزۈم يېيىش، مىسۋاك سىيلىش، ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئىلىملەرنى كۆپ تەكرار قىلىش، قۇسۇش، سۇنى ئاز ئىچىش قاتارلىقلار بەلغەم ۋە نەملىكنى ئازايتىشنىڭ ئۇسۇللىرىدىندۇر. بەلغەم سۇدىن پەيدا بولىدۇ، سۇنى ئاز ئىچىش تاماقنى ئاز يېيىشكە باغلىق. تاماقنى ئاز يېگەندە، ساغلام، ئېپچىللىك، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپ، باشقىلارغا نەپ بېرەلەيدىغان بولىدۇ.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[57]:

نومۇسىتۇر، نومۇسىتۇر، نومۇسىتۇر، نومۇس،
ئاغرىماق جىق ئاش يەپ، ئەمەستۇر دۇرۇس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدۇ: كۆپ يېگۈچى، بېخىل ۋە مۇتەكەببىر»[58].

كۆپ يېيىشنىڭ زىيانلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، كىشىنى ھۆرۈن مىجەز قىلىپ قويىدۇ، پۇل - مالنى ئىسراپ قىلىدۇ. «كۆپ يېيىش يەنە ئەقىلنى كەتكۈزىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار.

[57] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 38 - بەت.

[58] مۇنداق ئىبارە بىلەن كەلگەن ھەدىسنى تاپالمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار.

ئىلىم ئۆگەنگۈچى قوينىڭ قۇيرۇق مېيىغا ئوخشاش مايلىق تاماقلارنى يېسە بولىدۇ. سىڭىشلىك ھەم يېيىشلىك تاماقلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشى، روزا ۋە باشقا ئىبادەتلەردە روھلۇق تۇرۇش زۆرۈرىيىتى بولمىغان چاغلاردا كۆپ تاماق يەيدىغان ئاچقورساق كىشىلەر بىلەن بىرگە تاماق يېمەسلىكى ئەۋزەلدۇر.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئىلىم ئوقۇشنى چارشەنبە كۈنى باشلاش مۇستەھەب. بىر ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «چارشەنبە كۈنى باشلانغان ھەر ئىش ئاخىرىغا چىقىدۇ»[59].

شەيخ يۇسۇف ھەمەدانىي[60] مۇنداق دەيدۇ: «خەيرلىك ئىشلار چارشەنبە كۈنى باشلاش ئۈچۈن تەخىر قىلىنىدۇ، چۈنكى ‹نۇر چارشەنبە كۈنى يارىتىلغان›[61]. كاپىرلار ئۇ كۈننى شۇملۇق كۈنى دەپ بىلسىمۇ، مۇئمىنلەرگە نىسبەتەن خۇشاللىق كۈنىدۇر».

---

[59] موللا ئەلى قارىي «ئەلئەسرارۇل مەرفۇئە فىلئەخبارىل مەۋزۇئە» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەدىسنىڭ ھېچبىر مەنبەدە يوقلۇقىغا ئىشارەت قىلغان.

[60] يۇسۇف ھەمەدانىي (ۋ. 1140م) ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدە مۇدەررىس ۋە مۇرشىد بولۇپ ئۆتكەن ئالىم.

[61] بۇ كىتابنىڭ شەرھىسىنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەلقەماسىي ئەلھارىسىي «شەرھى تىلبەتۇت تەلەبە» ناملىق كىتابنىڭ 139 - بېتىدە مەزكۇر نەقىلنىڭ مەنبەسىنى تاپالمىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

## ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ كۆنلۈك ۋەزىپىسى

ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ كۈنلۈك ۋەزىپىسى يادلاپ بولالىغۇدەك دەرىجىدە بولۇشى، ھەر كۈنى ئاز - ئازدىن قوشۇشى لازىم. «ئىككى ھەرپ بولسىمۇ يادلاش ئىككى ساندۇق كىتابنى يادلىماي تىڭشىغاندىن ياخشىراق، ئىككى ھەرپ بولسىمۇ چۈشىنىش ئىككى تاغار كىتابنى چۈشەنمەي يادلىغاندىن ياخشىراق» دېگەن گەپ بار. قارشى تەرەپنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، توغرىنى تېپىش ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىش لازىم. مۇنازىرىلىشىش تەكرار قىلىشتىن پايدىلىقراق. شۇنداقتىمۇ، مۇنازىرە خاراكتېرى ساغلام كىشى بىلەن ئىنساپلىق ھالدا قىلىنىشى لازىم.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[62]:

سىڭدۈرسە كىم ئىلىمگە بىر ئۆمۈر مېھنەت،
ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قىلىدۇ خىزمەت.

## ئىنچىكە مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ھەر ۋاقىت تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. «ئويلىنىپ، پۇختا قىلىنغان سۆز ئەقىلنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى» دېگەن گەپ بار.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[63]:

نەزمە تىزىپ بەش ئىشنى قىلاي ساڭا نەسىھەت،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن، مەندىن بولسۇن ۋەسىيەت:

---

[62] ئىمام شافىئىي: «دىۋانۇش شافىئىي»، 71 - بەت.

[63] ئەبۇل فەزل نىيسابۇرىي: «مەجمەئۇل ئەمسال»، 2 - جىلد، 265 - بەت.

گەپ قىلمىغىن سەۋەبسىز، بولسۇن گېپىڭ جايىدا،
دەل ۋاقتىدا قىل گەپنى، مۇخاتەبكە بەر قىممەت،
مىقدارى ھەم ئۇسۇلنى، بىلگىن ماقام - يېرىنى،
غاپىل بولما بۇلاردىن، بىلسەڭ گەپ - سۆز چوڭ نېمەت.

## ھەر كىشىنىڭ ئىلمىدىن پايدىلىنىش

ھەر كىشىنىڭ ئىلمىدىن ھەر ۋاقىت پايدىلىنالايدىغان بولغىن. ئەبۇ يۇسۇف رەھىمەھۇللاھقا: «سىز بۇنچىۋالا ئىلىمگە قانداق ئېرىشكەن؟» دېيىلگەندە، ئۇ: «مەن باشقىلارنىڭ ئىلمىدىن پايدىلىنىشتىن چوڭچىلىق قىلمىدىم، ئىلمىم بىلەن باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈشتىن بېخىللىق قىلمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن[64].

## ئىرادە ۋە ھىممەتنىڭ ئۈستۈن بولۇشى

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئىرادىلىك ھەم ھىممەتلىك بولۇشى، كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىغا تەمە كۆزىنى تىكمەسلىكى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «تەمەخورلۇقتىن ساقلانغىن، چۈنكى ئۇ كۆز ئالدىڭدىكى پېقىرلىقتۇر»[65].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ، كەمبەغەللىكتە قالىدۇ»[66].

---

[64] ئەبۇ مۇھەممەد بەدرۇددىن ئەينىي: «ئۇمدەتۇل قارىي»، 2 - جىلد، 210 - بەت.

[65] ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، 7928 - ھەدىس.

[66] بۇ كىتابنىڭ شەرھىسىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەلقەماسىي ئەلھارىسىي مەزكۇر رىۋايەتنى ھېچبىر مەنبەدە تاپالمىغانلىقىنى ئېيتقان.

## ئىلىم ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىۋېلىش

ئىلگىرىكى ئالىملار ئاۋۋال ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىۋېلىپ، ئاندىن ئىلىم ئۆگىنىدىكەنتۇق.

## ئىلىم قانداق مۇزاكىرە قىلىنىدۇ؟

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئالدىنقى كۈندىكى دەرسىنى بەش قېتىم، ئۇنىڭ ئالدىدىكىنى تۆت قېتىم، يەنە ئالدىدىكىنى ئۈچ قېتىم، ئۇنىڭ ئالدىدىكىنى ئىككى قېتىم، ئۇنىڭمۇ ئالدىدىكىنى بىر قېتىم تەكرار قىلىشى؛ تەكرار ئەنە شۇنداق ئايلىنىپ، داۋام قىلىشى كېرەك. تەكرار بەك ئۈنلۈكمۇ ئەمەس، بەك مەخپىيمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى. ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى، زۆرۈرىيەتسىز ئىلىمدىن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى كېرەك. زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا، تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك تىرىكچىلىك قىلىپ قويسا بولىدۇ ۋە بۇ – تەۋەككۇلگە زىت كەلمەيدۇ.

## ئىلىم ئېلىش ۋاقتى

ئىلىم ئېلىش ۋاقتى توغرىسىدا «بۆشۈكتىن - تۆشۈككىچە، يەنى تۇغۇلغاندىن باشلاپ قەبرىگە كىرگۈچە» دېگەن گەپ بار. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىلىم ئۆگىنىپ چارچاپ قالغاندا: «شېئىر توپلاملىرىنى كەلتۈرۈڭلار» دەيتتى.

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ھەسەتخور ۋە جېدەلخور بولماسلىقى كېرەك. ھەسەتخورنى ھەسەتخورلۇقى خار قىلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[67]:

گەر خالىساڭ ئەي ئاقىل دۈشمەننى خار قىلىشنى،
غەمگە مەھكەم پاتۇرۇپ جاھاننى تار قىلىشنى،
ئوقۇ، ئۆرلە، بىلىم ئال، ئاچچىق يۇتار ھەسەتخور،
بىلىمدارلار تاشلىماس بىلىمنى يار قىلىشنى.

ئىبىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ھاماقەت كىشىنىڭ بىر ئەزىيىتىگە سەۋر قىلىشلاركى، ئۇن ياخشىلىقنى ئېرىشكەيسىلەر»[68].

يەنە بىرى مۇنداق شېئىر ئوقۇغان[69]:

سىناپ باقتىم خەقلەرنى ئۇزۇن زامان مەن ھارماي،
ئالدامچى ھەم دۈشمەنكەن، لېكىن كىمگە مەن زارلاي؟
ئەجەب ئېغىر، ئەلەملىك قايسى ئىش ئۇ بىلەمسەن؟
دۈشمەنلىكى ئادەمنىڭ، دوستنى نەدىن مەن ئارلاي؟
تېتىپ باقتىم ھەر نەرسە، تاتلىقنى ھەم ئاچچىقنى،
ئاچچىق ئىكەن ھەممىدىن تىلەش، ئىشلەپ مەن پارلاي.

ئىلىم ئۆگەنگۈچى يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

---

[67] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 51 - بەت. بۇ شېئىر ئىبنى تىيب فاسىيغا ئائىت.

[68] بۇ كىتابنىڭ شەرھىسىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەلقەماسىي ئەلھارىسىي مەزكۇر رىۋايەتنى ھېچبىر مەنبەدە تاپالمىغانلىقىنى ئېيتقان.

[69] ئەبۇ تەممام: «دىۋانۇل ھەماسە»، 140 - بەت.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[70]:

قەبىھ ئىشتىن يىراق تۇر، ئۇنى ھەرگىز ئىستىمە،
قىلساڭ كىمگە ياخشىلىق ئۇنى ھەرگىز قۇس دېمە.
دۇشمىنىڭنىڭ قەستىگە قادىر ئاللاھ كۇپايە،
سەۋرچان بول، چىدىغىن، دۇشمەن دېگەن ھېچنېمە.

## ئىلىمنى خاتىرىلەش

ئىلىم ئۆگەنگۈچى سىياھ قۇتىسىنى (قەغەز - قەلەمنى) يېنىدىن ئايرىماسلىقى لازىم. «يادلىغان قاچار، يازغان قالار» دەيدىغان گەپ بار.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلال ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «قەلەمنى ھەمراھ قىل، چۈنكى قەلەمدە ۋە ئۇنى تۇتقانلاردا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق بولىدۇ»[71].

## ئۇستازىغا ۋە ساۋاقدىشىغا كەمتەر بولۇش

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئۇستازىغا ۋە ساۋاقداشلىرىغا خۇش پېئىل بولۇشى كېرەك.

[70] ئەبۇلئەتاھىيە: «دىۋانۇ ئەبىلئەتاھىيە»، 218 - بەت.

[71] بۇ كىتابنىڭ شەرھىسىنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەلقەماسىي ئەلھارىسىي «شەرھى تىلبەتۇت تەلەبە» ناملىق كىتابنىڭ 139 - بېتىدە مەزكۇر نەقىلنىڭ مەنبەسىنى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتقان.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[72]:

كۆردۇم سەندە بىر نەپس، ئۈستۈنلۈككە بەك ئامراق،
بولمىساڭ گەر سەن كەمتەر، ئۈستۈن بولماق بەك ئۇزاق.

ئىلىم ئۆگەنگۈچى تەقۋادار بولۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئېلىش جەريانىدا تەقۋادارلىق قىلمىغان كىشىنى ئاللاھ تائالا ئۈچ ئىشنىڭ بىرىگە مۇپتىلا قىلىدۇ: ياكى ئۇنىڭ ياش پېتى جېنىنى ئالىدۇ ياكى چەت - ياقىلاردا ياشايدىغان قىلىپ قويىدۇ ياكى ئۇنى ھوقۇقدارنىڭ خىزمىتىدە قويۇش بىلەن ئىمتىھان قىلىدۇ»[73].

## ئىلىم ئۆگەنگۈچى يېقىن يولىماسلىقى تېگىشلىك سورۇنلار

ئىلىم ئۆگەنگۈچى تولا گەپ قىلىدىغانلار، پاسىقلار ۋە بىكار تەلەتلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

## ئىلىم ئۆگەنگۈچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقلار

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان ۋاقتىدا قىبلىگە يۈزلىنىشى، سالىھلارنىڭ دۇئاسىنى غەنىيمەت بىلىشى، يېنىدىن خاتىرىسىنى ئايرىماسلىقى، تاماقنى ئاز يېيىشى،

[72] ئەبۇلئەتاھىيە: «دىۋانۇ ئەبىلئەتاھىيە»، 247 - بەت.

[73] مۇھەممەد ئەششەئبىريى: «جامىئۇل ئەخبار»، 1 - جىلد، 139 - بەت. بۇ ھەدىس مەۋزۇئ (توقۇلما) دېيىلگەن.

تەھەججۇد نامىزى، قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى قاتارلىق يادلاش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىشى، ئوقۇۋاتقان كىتابىنى يېپىۋەتكەندە: **سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ عدد كل حرف كتب أو يكتب أبد الآبدين ودهر الداهرين**، مەنىسى: «ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق تائەت - ئىبادەت قىلغىلىمۇ بولمايدۇ، گۇناھ - مەئسىيەتتىن يانغىلىمۇ بولمايدۇ. ئىلگىرى - كېيىن يېزىلغان ۋە يېزىلىدىغان ھەرپلەرنىڭ سانىچە تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانالار ئاللاھقا بولسۇن» دېيىشى لازىم.

## ئىلىم ئۆگەنگۈچى ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم: مەسىلەن، بەلغەم ۋە ھۆللۈك پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەر، گۇناھ - مەئسىيەتلەر ۋە غەم - قايغۇلاردىن، شۇنداقلا دارغا ئېسىلغان كىشىگە قاراش، قەبرە تاختايلىرىغا يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇش، تۆگە سەپلىرى ئارىسىدىن مېڭىش، يىتنى تىرىك پېتى يەرگە تاشلاش، گەردەن كاتەكچىسىگە ھىجامەت قويدۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

شەيخ نەجمىددىن ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد نەسەفىي بىر ئۇممۇ ۋەلەدى[74] ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

---

[74] خوجايىنىنىڭ مۈلكىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا بالا تۇغۇپ بەرگەن ۋە خوجايىنى ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا ئازاد بولىدىغان چۆرە ئايال.

ھۆسنى بىلەن مېنى يار قىلغان جۇۋانغا ئەلۋىدا،
شەھلا كۆزلۈك، ئاي يۈزلۈك، تۇغقان جانانغا ئەلۋىدا.
كەچۈر مېنى، قوي مېنى، بولسۇن سۆيگۈ شۇنچىلىك،
ئاشىق بولدۇم ئىلىمگە، مالۇۋارانغا ئەلۋىدا.
دوستۇم، ئەمدى ھەمراھىم تالىپ، ئۇستاز، ساۋاقداش،
گۈزەللەرگە، ھەۋەسكە، شېرىن ئويانغا ئەلۋىدا.

### رىزىق ئېلىپ كېلىدىغان ئامىللار:

ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ ئىلىم ئېلىشقا ۋاقتىنى تولۇق بېرەلىشى ئۈچۈن تۇرمۇش كاپالىتى بولۇشى لازىم.

### پېقىرلىقنى كەلتۈرىدىغان ئامىللار:

ئىلىم ئۆگەنگۈچى كۆپ ئۇخلاشتەك پېقىرلىقنى كەلتۈرىدىغان ئامىللاردىن ساقلىنىشى كېرەك.

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[75]:

خۇشاللىقى ئىنساننىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەتتە،
لېكىن بارچە ياخشىلىق ئاز ئۇخلاشتا، ھىممەتتە.

يەنە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[76]:

[75] زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، 63 - بەت.

[76] شەمسۇددىن سەفىيرىي شافىئىي: «ئەلمەجالىسۇل ۋەئزىيە»، 2 - جىلد، 293 - بەت؛ سەدرۇددىن مەدەنىي: «ئەنۋارۇر رەبىئ فىي ئەنۋائىل بەدىئ»، 152 - بەت؛ ئەبۇ مۇھەممەد يافىئىي: «مىرئاتۇل جىنان»، 3 - جىلد، 25 - بەت.

سەن ئەمەسمۇ زىبانكار ئۆتسە كېچە - تۈنلىرىڭ،

ئىبادەتسىز، پايدىسىز، ئۆچسە نامىڭ - ئۈنلىرىڭ؟!

يەنە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[77]:

بەلكىم ھەق يول تاپارسەن، ئىبادەت قىل كېچىدە،

قاچانغىچە ئۇخلايسەن بىر كېچىنىڭ ئىچىدە؟

يالىڭاچ ئۇخلاش ۋە يالىڭاچ سىيىش، جۇنۇپ ھالەتتە تاماق يېيىش، داستىخان قالدۇقلىرىغا پەرۋا قىلماسلىق، سامساق ۋە پىيازنىڭ پوستىنى كۆيدۈرۈش، كېچىسى ئۆي سۈپۈرۈش، ئۆيدە ئەخلەت قوندۇرۇش، ئاتا - ئانىنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ئالدىدىن مېڭىش، ئاتا - ئانىنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇللا چاقىرىش، ئۇدۇل كەلگەن ياغاچنى چىش كولىغۇچ قىلىپ ئىشلىتىش، لاي ۋە تۇپراق بىلەن قول يۇيۇش، بوسۇغىدا ئولتۇرۇش، قوش ئىشىكنىڭ بىر قانىتىغا يۆلىنىش، تەرەت قىلىدىغان جايدا تاھارەت ئېلىش، كىيىمنى سالماي تۇرۇپ ياماش، يۈزنى كىيىمى بىلەن قۇرۇتۇش، ئۆيدىن ئۆمۈچۈك تورلىرىنى تازىلىماسلىق، نامازغا بىپەرۋالىق قىلىش، بامدات نامىزىدىن كېيىن مەسچىتتىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىش، بازارغا ھەممىدىن بۇرۇن بېرىش ۋە ھەممىدىن كېيىن قايتىش، تىلەمچىلەرنىڭ نانلىرىنى سېتىۋېلىش، بالىسىغا بەددۇئا قىلىش، قاچا - قۇچىلارنى يۆگەپ قويماسلىق، چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم. بۇلار ئىلگىرىكىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان ئىشلاردۇر.

---

[77] ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز سالمان: «مەجمۇئەتۇل قەسائىدىز زۇھدىييات»، 1 - جىلد، 446 - بەت.

## رىزىقنى كۆپەيتىپ، باي قىلىدىغان ئامىللار

رىزىقنى كۆپەيتىپ، باي قىلىدىغان ئامىللار: خەتنە قىلىنىش، چىرايلىق يېزىش، ئىللىق چىراي ۋە شېرىن سۆزلۈك بولۇش، ھويلا - ئاراملارنى سۈپۈرۈش، قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇش قاتارلىقلاردۇر. ئەڭ مۇھىمى نامازنى تەئدىل - ئەركانلىرى بىلەن ئۆلچەملىك ئادا قىلىش، چاشگاھ نامىزى ئوقۇش، ئۇخلاش ئالدىدا ۋاقىئە سۈرىسىنى ئوقۇش، مۇلك سۈرىسى، مۇززەممىل سۈرىسى، لەيل سۈرىسى ۋە شەرھ سۈرىسى قاتارلىقلارنى كۆپ ئوقۇش، ئەزان ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن مەسچىتكە كېلىش، داۋاملىق تاھارەت بىلەن يۈرۈش، بامداتنىڭ سۈننىتى بىلەن ۋىتىر نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇش، ۋىتىردىن كېيىن دۇنيا پارىڭى قىلىشىپ ئولتۇرماسلىق قاتارلىقلاردۇر.

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەقلى پىشىپ يېتىلگەن كىشىنىڭ گەپ - سۆزى ئاز بولىدۇ»[78].

بۇزرۇجۇمھىر مۇنداق دېگەن: «تولا گەپ قىلىدىغان بىرەر كىشىنى كۆرسەڭ، ئۇنى جەزمەن سارالڭ دەپ بىلگىن»[79].

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ[80]:

ئەقلى بولسا ئىنسانىنىڭ ئاز بولۇر سۆز زامانى،
ھاماقەتتۇر بىل ئىنسان كۆپ بولسا سۆز - زۇۋانى.

[78] خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، دارۇ ئىبنى جەۋزىي، 2 - جىلد، 52 - بەت؛ ئەبۇلھەسەن ماۋەردى: «ئەدەبۇد دۇنيا ۋەددىن»، 1 - جىلد، 279 - بەت؛ ئىبنى مۇفلىھ: «ئەلئادابۇش شەرئىييە»، 2 - جىلد، 212 - بەت.

[79] ساچاقلى زادە مەرئەشىي: «تەرتىيبۇل ئۇلۇم»، 202 - بەت.

[80] ساچاقلى زادە مەرئەشىي: «تەرتىيبۇل ئۇلۇم»، 202 - بەت.

## ئۆمۈرنى بەرىكەتلىك قىلىدىغان ئىشلار

ئۆمۈرنى بەرىكەتلىك قىلىدىغان ئىشلار: ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق، ئۆلىما ۋە ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىدىغان ئىشلارنى قىلىش، دەل - دەرەخلەرنى زۆرۈرىيەتسىز كېسىۋەتمەسلىك، ئەكسىچە پەرۋىش قىلىش، ئۆمۈرنى بەرىكەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى دۇئا ۋە زىكىرلەرنى قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار كىتابلاردا كۆپتۇر، ئاللاھ خالىسا ئۇنى ئىزدىگەنلەر تاپالايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىندۇر.

# پايدىلانغان مەنبەلەر

■ ئەبۇ بەكرى بەيھەقىي: «مەناقىبۇش شافىئىي»، مەكتەبەتۇ دارىتتۇراس، قاھىرە، مىلادىيە 1970 - يىلى.

■ ئەبۇ تەممام: «دىۋانۇل ھەماسە»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، مىلادىيە 1998 - يىلى.

■ ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز سالمان: «مەجمۇئەتۇل قەسائىدىز زۇھدىييات»، مەتابىئۇل خالىد، ھىجرىيە 1421 - يىلى .

■ ئەبۇ مۇھەممەد بەدررۇددىن ئەينىي: «ئۇمدەتۇل قارىي»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، مىلادىيە 2001 - يىلى.

■ ئەبۇ مۇھەممەد يافىئىي: «مىرئاتۇل جىنان»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، ھىجرىيە 1417 - يىلى.

■ ئەبۇل ئەتاھىيە: «دىۋانۇ ئەبىل ئەتاھىيە»، دارۇل بەسىرە، بېيرۇت، مىلادىيە 1986 - يىلى.

■ ئەبۇلفەتھىل بۇستىي: «دىۋانۇ ئەبىل فەتھىل بۇستىي»، مەجمەئۇل لۇغەتىل ئەرەبىييە، دەمەشىق، ھىجرىيە 1410 - يىلى.

■ ئەبۇلفەزل نىيسابۇري: «مەجمەئۇل ئەمسال»، دارۇل مەئرىفە، بېيرۇت، مىلادىيە 1867 - يىلى.

■ ئەبۇلھەسەن ماۋەردىي: «ئەدەبۇد دۇنيا ۋەددىن»، دارۇ مەكتەبەتىل ھايات، بېيرۇت، مىلادىيە 1986 - يىلى.

■ ئەلى زۇبەيدىي: «ئەلئۇقۇدۇل لۇئلۇئىييە»، دارۇل ئاداب، بېيرۇت، مىلادىيە 1983 - يىلى.

■ بەيھەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، ھىجرىيە 1423 - يىلى.

■ جامالۇددىن ھەبەشىي ۋۇسابىي: «نەشر تەييىت تەئرىف فىي فەزلى ھەمەلەتىل ئىلمىش شەرىف»، دارۇل مىنھاج، جىددە، ھىجرىيە 1417 - يىلى.

■ خەتىب باغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، دارۇ ئىبنىل جەۋزىي، سەئۇدىي ئەرەبىستان، ھىجرىيە 1421 - يىلى.

■ خەتىب باغدادىي: «تارىخى باغداد»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىيە، بېيرۇت، ھىجرىيە 1417 - يىلى.

■ زەرنۇجىي: «تەئلىيمۇل مۇتەئەللىم»، دارۇ ئىبنى كەسىر، بېيرۇت، مىلادىيە 2014 - يىلى.

زىرىكلىي: «ئەلئەئلام»، دارۇل مەلايىين، بېيرۇت، مىلادىيە 2002 - يىلى.

■ ساچاقلى زادە مەرئەشىي: «تەرتىيبۇل ئۇلۇم»، دارۇل بەشائىرىل ئىسلامىيە، بېيرۇت، ھىجرىيە 1408 - يىلى.

■ سالاھ مۇھەممەد ئەبۇلھاج: «ئادابۇ تالىبىل ئىلمى»، مەركەزۇل ئۇلەمائىل ئالەمىي، ئەششامىلەتۇز زەھەبىييە.

■ سەدرۇددىن مەدەنىي: «ئەنۋارۇر رەبىئ فىي ئەنۋائىل بەدىئ»، مەتبەئەتۇن نۇئمان، نەجەف، مىلادىيە 1968 - يىلى.

■ سەدرۇش شەربىئە: «تەۋزىھ لىمەتنىت تەنقىھ»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، مىلادىيە 1998 - يىلى.

■ سەرەخسىي: «مەبسۇت»، دارۇل مەئرىفە، بېيرۇت، مىلادىيە 1989 - يىلى.

■ سۇيۇتىي: «ئەلئىزدىھار»، ئەلمەكتەبۇل ئىسلامىي، دەمەشق، مىلادىيە 1991 - يىلى.

■ شەمسۇددىن سەفىيرىي شافىئىي: «ئەلمەجالىسۇل ۋەئزىيە»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، ھىجرىيە 1425 - يىلى.

■ شەيخ زادە: «مەجمەئۇل ئەنھۇر»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، مىلادىيە 1998 - يىلى.

■ مۇتەنەببىي: «دىۋانۇل مۇتەنەببىي»، دارۇل كۇتۇبىل مىسرىييە، قاھىرە، مىلادىيە 1944 - يىلى.

■ مۇناۋى: «فەيزۇل قەدىير»، مەكتەبەتۇت تىجارىييەتىل كۇبرا، مىسىر، ھىجرىيە 1356 - يىلى.

■ مۇھەممەد ئەششەئىيرىي: «جامىئۇل ئەخبار»، ئەلمەتبەئەتۇل ھەيدەرىييە، نەجەف، مىلادىيە 2019 - يىلى.

■ مۇھەممەد جەنەدىي: «ئەسسۇلۇك فىي تەبەقاتىل ئۇلەما ۋەلمۇلۇك»، مەكتەبەتۇل ئىرشاد، سەنئا، ھىجرىيە 1415 - يىلى .

■ مۇھەممەد ھەبىب ھىلە: «ئەتتارىخ ۋەلمۇئەررىخۇن فىي مەككە»، مۇئەسسەسەتۇل فۇرقان، مەككە، مىلادىيە 1994 - يىلى.

■ ھاجى خەلىفە: «كەشفۇز زۇنۇن»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، مىلادىيە 1998 - يىلى.

■ ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت، مىلادىيە 1990 - يىلى.

■ ئىبنى ماجە: «سۇنەن ئىبنى ماجە»، دارۇ ئىھيائىل كۇتۇبىل ئەرەبىييە، قاھىرە، مىلادىيە 1952 - يىلى.

■ ئىبنى مۇفلىھ: «ئەلئادابۇش شەرئىييە»، ئالەمۇل كۇتۇب، بېيرۇت، ھىجرىيە 1435 - يىلى.

■ ئىبنى ھىببان: «رەۋزەتۇل ئۇقەلا»، مۇئەسسەسەتۇر رىسالە، بېيرۇت، مىلادىيە 1993 - يىلى.

■ ئىمام سۇيۇتىي: «بۇغيەتۇل ۋۇئات فىي تەبەقاتىل لۇغەۋىييىن ۋەننۇھات»، مەكتەبەتۇل ئەسرىييە، لۇبنان، ھىجرىيە 1401 - يىلى.

■ ئىمام شافىئىي: «دىيۋانۇش شافىئىي»، دارۇل مەئرىفە، بېيرۇت، مىلادىيە 2003 - يىلى.